# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 3 - ئاي

8

يەكشەنبە

维吾尔文 3 月8日

新疆日报网：www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65-0002/-W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24994 - سان بۈگۈن 2 بەت


## 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز نامرات نوپۇسنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ دۇڭلەي** خەۋەر قىلىدۇ: «ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا يەنە 15 مىڭ 300 نامرات نوپۇسنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسلىسى مەۋجۇت بولۇپ، ئاساسلىقى پەيزاۋات ناھىيەسىگە مەركەزلەشكەن. نۆۋەتتە، پەيزاۋات ناھىيەسىدە شەھەر - يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ %90ى تاماملاندى، مۆلچەرلىنىشچە، بۇ يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن پۈتۈنلەي تاماملىنىدۇ، شۇ چاغدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامرات نوپۇسنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسلىسى ئۈزۈل - كېسىل ھەل بولىدۇ» دېدى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش باش پونكىتىنىڭ مۇدىرى جاڭ يۈن.

جاڭ يۈننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ شەھەر - يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى تاماملانغاندىن كېيىن، يەرلىكنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، تۈر رايونىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلىنىدىكەن. بۇ قۇرۇلۇشنى ۋەكىل قىلىپ، بۇلتۇردىن ھازىرغىچە، شىنجاڭدا يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى تېز ئالغا سىلجىتىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا مۇستەھكەم ئاساس سېلىنغان.

«ئۇ ئىلگىرى سۇ توشۇشقا ئىشلىتىلەتتى، ھازىر پۈتۈنلەي كېرەكسىز قالىدى.» تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ بەلدىر يېزىسى پوست بەلدىر كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى مەتقۇربان سامساق ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى توپا - چاڭ

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ كۈچلۈك سالماق بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ باشتىن - ئاخىر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئەڭ غەم يەيدىغان ئىش، ئەڭ زور مەسئۇلىيەت بىلىپ، ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى جەڭگە ئاتلىنىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئۆزى جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم سۆزلەرنى قىلدى، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئەڭ ئاخىرقى كۈچنىش باسقۇچىغا كىرگەن ئاچقۇچلۇق پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەڭ كۈچلۈك بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بىزنىڭ بىرلا غەيرەتكە كېلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىمىز ئۈچۈن قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى، توپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ كۈچلۈك سالماق بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئېغىر نامراتلىقنى تۈگىتىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشى كېرەك.

بىرىنچى، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، تولۇق غەيرەتكە كېلىش كېرەك. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن مىسلىسىز ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى چوڭقۇر تونۇپ، دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق، خىرىسلارغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، چىشنى چىڭ چىشلەپ، تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، غەيرەت قىلىپ ئىشلەپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، نىشان ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، قىلچە تەۋرەنمەسلىك كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە ئاجىز ھالقىلارنى قاتتىق تۇتۇپ، ھەم ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىق، ئۆلچەمنى ئۆستۈرۈۋەتمەسلىك، كۆزلىمىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ساختىلىق قىلماسلىق، ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك، سۈپەتتە تەسىر يەتكۈزمەسلىك؛ ھەم ئالدىغا ئۆتۈۋالماي، ھەم قەستەن كەينىگە سۆرىمەي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىلىرىنى كەم - كوتىسىز، يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرەيلى

### —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

2020 - يىلغا بارغاندا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلىدۇ، بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى، جەزمەن قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ بۇ، جۇڭخۇا مىللىتى ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي ئۇلۇغ ئىش، جەزمەن قەتئىي تاماملاش كېرەك.

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. بۇ، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ كۆلەملىك يىغىن بولۇپ، مەقسەت پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ كۈچلۈك سالماق بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش. باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق - خىرىسلارنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، پارتىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا قارىتا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈشىمىز، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز ئۈچۈن ئىرىشىش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، توپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆڭلىدە ئەڭ غەم قىلغان بىر چوڭ ئىش بولۇپ، زېھنىنى ئەڭ كۆپ سەرپ قىلدى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ ھەربىر يەرگە بېرىپ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلغاندا، نامرات كەنت ۋە نامرات ئائىلىلەرگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى، «ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق بولسا مەن بىئارامлىق ھېس قىلىمەن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى داۋاملىق بەس - بەستە پۇل ئىئانە قىلىپ مېھر - شەپقەت يەتكۈزدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى داۋاملىق پائال پۇل ئىئانە قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قوللىدى. 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 433 مىڭ پارتىيە ئەزاسى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن پۇل ئىئانە قىلىپ، ئىرادىدىن سىپىل ھاسىل قىلىش، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى يېڭىشنىڭ قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچىنى مۇجەسسەملىدى.

بىر نەچچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا پۇل ئىئانە قىلىشقا قاتناشقان پارتىيە ئەزالىرىدىن ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، شۇنداقلا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلاردىكى خادىملار بار؛ دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم يولداشلار، شۇنداقلا ئەمەلىي خىزمەتكە قاتناشقان ياشلارمۇ بار. ئۇلار مېھر - شەپقەت يەتكۈزۈش ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ياردەم بېرىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەپ، كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەسلىي مەقسىتىنى ساقلايدىغان، بۇرچنى زىممىگە ئالىدىغان ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق نامايان قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىنجاڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنىڭ دەرىجىسىنى يەنە بىر قېتىم تەڭشىدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن - نىزاملىرىغا ۋە شىنجاڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، 2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سائەت 24تىن باشلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنىڭ دەرىجىسىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە قارىتا جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش 2 - دەرىجىلىك لايىھەسىدىن 3 - دەرىجىلىك لايىھەسىگە تەڭشەشنى قارار قىلدى.

## شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دا يەنە بىر يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

### ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلار جەمئىي 72گە يەتتى

**ئۆز خەۋىرىمىز** 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان يەنە بىر ئاغرىق مىسالى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلەشىپ دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە يېتىپ، شۇ كۈنى دوختۇرخانىدىن چىقتى، بۇ ئاغرىق مىسالى تۇرپان شەھىرىدىكى ئاغرىق مىسالى.

ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايون (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالى جەمئىي 72گە يەتتى، ھازىر دوختۇرخانىدا يېتىپ ئايرىپ داۋالىنىۋاتقانلاردىن بىرى بار.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ كادىرلار، ئاممىنى رىغبەتلەندۈردى ——

## جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

«2020 - يىلغا بارغاندا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى، جەزمەن قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.» 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى ھەرىكەت كۆرسەتمىسى بىلەن تەمىنلىدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: قانچە ئەڭ كەينىگە بارغانسېرى قەلب ۋە كۈچنى شۇنچە مۇجەسسەملەپ، ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى قەتئىي تۈگىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز.

### بوشاشماي كۈرەش قىلىش

### نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدە ھەل قىلغۇچ ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى. 2019 - يىلى، مۆلچەرلىنىشچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا 645 مىڭ نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، 976 نامرات كەنتنى نامراتلىقتىن چىقىرىۋېتىش، 12 نامرات ناھىيەنىڭ قالپىقىنى ئېلىپ تاشلاش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، نامراتلىقنىڭ يۈزلىنىش نىسبىتى ئالدىنقى يىلدىكى %6.1تىن %1.2كە تۆۋەنلىگەن.

«ئاقسۇ ۋىلايىتى 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى.» ئاقسۇ ۋىلايەتلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ گورۇڭ مۇنداق بىلدۈردى: «بۇ يىل، ئاقسۇ ۋىلايىتى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، ئۇسۇلنى پائال ئۆزگەرتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش كاپالىتىنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئۆستۈرۈپ، نامراتلىقتىن سىجىل مۇقىم قۇتۇلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ».

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، كۇچا شەھىرى ئالاقاغا بازىرىنىڭ ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى مايسا يېتىشتۈرۈش بازىسىدا، يېزا ئىگىلىك تېخنىكى كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىرلىكتە كۆكتات مايسىلىرىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. بۇ مايسا يېتىشتۈرۈش بازىسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، ئەتىيازلىق ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىدا مايسا بىلەن تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ھوسۇلنى ۋە كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا كۈچ قوشتى. □ نىياز راخمان فوتوسى

مايسىنى ياخشى يېتىشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىش

## ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل نامرات رايونلارنىڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئېلېكتر ئېنېرگىيە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى لىققىدە قاچىلانغان قۇرۇلۇش ئاپتوموبىلى خوتەن ناھىيەسىنىڭ قاشتېشى يېزىسى ئومشا كەنتىگە يېتىپ كەلدى، شۇ كۈنى بۇ كەنتنىڭ ئېلېكتر تورىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلاندى. قۇرۇلۇش تاماملانغاندىن كېيىن، كەنت ئاھالىسى ئېنېرگىيە تۈركى بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، يەنە ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنىمۇ قاندۇرالايدۇ. بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز نامرات رايونلارنىڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق ھالدا يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئېنېرگىيە مەدەتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ يىل، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى 178 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، چېگرا بويىدىكى كەنت، مەھەللىلەر ۋە فوتوۋولت مەمۇرىي كەنت ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش تۈرىنى قەرەلىدە پۈتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى پىلانلىدى، چېگرا بويىدىكى 23 كەنت، مەھەللىنىڭ ئېلېكتر تورى تۈرى 9100 ئائىلىلىك 36 مىڭ دېھقان - چارۋىچىنىڭ توك ئىشلىتىش شارائىتىنى ياخشىلايدۇ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)